قاراقاش ناھىيەسى باشلامچى كارخانىنى كىرگۈزۈپ، يېمەكلىك زەمبۇرۇغىنى ئۆستۈرۈشنى تۈجۈپلەپ تەرەققىي قىلدۇردى ——

شىياڭگۇ ئۆستۈرۈش كەسىپكە ئايلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر سانىقى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز
پەرىزات ئابدۇل، جىن بو

«بۇنىڭغا ئوخشاش ئېچىلغان كۈنلۈكتەك ئۆسكەنلىرىنى بۈگۈن ئۈزۈپ كارخانىغا سېتىپ بەرسەك بولىدۇ، تېخى ئۆسۈپ چىقمىغانلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش كېرەك» دېدى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسى كاميا كەنتىدىكى نۇرمەمەت ئەخەتۋاقى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ شىياڭگۇ پارنىكىدا ئىش قىلغاچ.

كاميا كەنتىدە ئەڭ بالدۇر شىياڭگۇ ئۆستۈرگىنى دەل نۇرمەمەت ئىدى. ئىككى كۈندىن بۇيان، كەنتتە يېڭىدىن 16 شىياڭگۇ پارنىكى سېلىنىشى بىلەن ئۇ يەنە بىرنى زاكاز قىلدى. «ھازىر شىياڭگۇ ناھايىتى ياخشى ئۆسۈۋاتىدۇ، مېنىڭ ئىككى پارنىكىم بار، ياخشى پەرۋىش قىلسامىلا، بىر يىلدا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 24 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن» دېدى نۇرمەمەت.

شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتى نۇرمەمەتنى شىياڭگۇ زەمبۇرۇغ خالتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم شىياڭگۇلىرىنى سېتىۋالىدۇ.

2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قاراقاش ناھىيەسى شىياڭگۇ ئۆستۈرۈش، پىششىقلاشتىكى باشلامچى كارخانا ـــ شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزدى. بۇ كارخانا «ھۆكۈمەت ئازراق تولۇقلىما بېرىش، كارخانا ئازراق پايدىنى ئۆتۈنۈش، دېھقان ئائىلىلىرى ئازراق قەرز ئېلىش، خىزمەت ئەترىتى ئازراق ياردەم بېرىش» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى شىياڭگۇ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى.

شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى يىن جىنياۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: «كارخانا بىر زەمبۇرۇغ خالتىسىنى دېھقان ئائىلىلىرىگە تۆت يۈەندىن سېتىپ بېرىپ، شىياڭگۇنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى 7.5 يۈەندىن سېتىۋالىدۇ، نورمال ئەھۋالدا، دېھقان ئائىلىسى بىر زەمبۇرۇغ خالتىسىدىن كەم دېگەندە ئىككى يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. بىر كىچىك پارنىكقا زەمبۇرۇغ خالتىسىدىن 2000نى قويغىلى بولىدۇ، بىر پەسىلدە 4000 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۈچ نۆۋەت ئۆستۈرىدىغان بولغاچقا، بىر يىلدا 12 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ».

مۇشۇنداق بولسىمۇ، دەسلەپتە نۇرمەمەت كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالىلىرىگە ئوخشاش شىياڭگۇنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۆستۈرۈشنىمۇ بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئەندىشە قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ يىلنىڭ بېشىدا، كاميا كەنتى «ئىككى كومېتېت»ى ئالايتەن كارخانا بىلەن بىرلىكتە كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنى خېنەنگە بېرىپ شىياڭگۇ ئۆستۈرۈشنى كۆزدىن كەچۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى، نۇرمەمەت ۋەكىللەرنىڭ بىرى ئىدى.

«خېنەندە 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر موماينىڭ ئۆزى يالغۇز ئالتە پارنىكنى باشقۇرۇپ، شىياڭگۇ ئۆستۈرۈپ تاپقان پۇلغا چىرايلىق ئىككى قەۋەتلىك داچا سېلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قىلالىغان يەردە، مەنمۇ قىلالايمەن دەپ ئويلىدىم» دېدى نۇرمەمەت.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرمەمەت 3000 يۈەنگە پارنىك سالدى، زەمبۇرۇغ خالتىسى سېتىۋالدى، كارخانا ئۇنىڭغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىر، نۇرمەمەتنىڭ پارنىكىدا غۇژمەك ـ غۇژمەك شىياڭگۇلار «پورەكلەپ ئېچىلىپ» كەتتى، ئۇ شىياڭگۇ ئۆستۈرۈشنىڭ پايدىسىنى كۆردى.

«شىياڭگۇ ئۆستۈرمىگەن بولسام، نامراتلىقتىن قانداقمۇ قۇتۇلار بولغىيتتىم.» تېخنىكىمۇ ئۆگىنىۋالدى، پۇلمۇ تاپتى، بۈگۈنكى كۈندە نۇرمەمەتنىڭ غەيرىتى كۈنسېرى ئۇرغۇپ، شىياڭگۇ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى بىرلىكتە شىياڭگۇ ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشىلاشنىلا ئويلايدىغان بولدى.

يىن جىنياۋنىڭ مۇخبىرلارغا دېيىشىچە، شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتى ھەر يىلى 10 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلاردىن كېرەكسىز ياڭاق ياغىچىنىڭ ھەر توننىسىنى 300 يۈەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇۋۇتقاندىن كېيىن زەمبۇرۇغ خالتىسى ياسايدىكەن. نۆۋەتتە، قاراقاش ناھىيەسىدە ئۈچ شىياڭگۇ ئۆستۈرۈش بازىسى، 135 ئۆلچەملىك پارنىك بولۇپ، توققۇز يېزا ـ بازاردىكى 2500 نامرات ئائىلىنىڭ شىياڭگۇ ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇرۇشغا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش، ئۆستۈرۈش كەسىپ زەنجىرى ئەتراپىدىكى يېزا ـ بازارلاردىكى 515 ئادەمنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات نوپۇس 215 ئادەم ئىكەن.

ئامانىسا ئابدۇقادىر سايباغ يېزىسى گۇاڭمىلىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەۋاتقىنىغا سەككىز ئاي بولدى، ھازىر زەمبۇرۇغ سېلىش سېخىدا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، زەمبۇرۇغ خالتىسى ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل.

«دەسلەپتە، مەن زەمبۇرۇغ سېلىشقا مەسئۇل ئىدىم، كارخانىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلىشىگە قاتناشقاندىن كېيىن، تەكشۈرگۈچى بولدۇم، ئايلىق مائاشىممۇ 1200 يۈەندىن 3000 يۈەنگە ئۆستى.» ئامانىسا مۇنداق دېدى: «بۇ زەمبۇرۇغ خالتىلىرى كەنت ئاھالىلىرىگە بېرىلىدۇ، سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە بولمايدۇ، مەن ياخشى ئىشلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ھەربىر زەمبۇرۇغ خالتىسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىمەن».

بۇ يىل 7 ـ ئايدا، شىنجاڭ شۇشاڭ لاۋجۈن زەمبۇرۇغچىلىق چەكلىك شىركىتى شىياڭگۇنى ئىنچىكە پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، زاۋۇت پۈتكەندىن كېيىن شىياڭگۇ چۆرۈك ياپراقچىسى، شىياڭگۇ قىيامى قاتارلىق تۆت خىل يانداش مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ، كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرگىلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭىدىن 300دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز كۆپ مەنبەلەشكەن مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، شىياڭگۇنىڭ سۈپىتى، ئىنچىكە پىششىقلاش ھەم ئوراپ قاچىلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ داڭقىنى ئاشۇرۇپ، شىياڭگۇ كەسپىنى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ تۆۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرىمىز» دېدى يىن جىنياۋ.

كۆكتات ئايرىش كىرىمنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىشچىلار يەكەن ناھىيەسى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزىنىڭ كۆكتات سېخىدا كۆكتات ئايرىماقتا. بۇ كۆكتات تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزىدە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 توننىدىن ئارتۇق تۈرلۈك كۆكتات پىششىقلىنىدۇ، 103 كەنت ئاھالىسى بۇ جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كىرىمنى ئاشۇردى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، گۇمانلىق ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆرۈلگەن مەھەللە، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى ئاسان يۇقۇملىنىدىغان كىشىلەر توپىغا قارىتا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى باشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ھەممىسى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىلغاپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى مەھەللىدە ئىلغاپ چىقىلغان، 20سى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلىۋاتقانلار.

رۇي باۋلىڭ مۇنداق دېدى: گەرچە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاغرىق مىسالى ساندا ئازىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ قوللاپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 22، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 13 بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى داۋاملىق ئازايدى؛ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 614، ھازىر بار بولغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 120. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 24كىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 52 بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 42 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قانچىكى مۇشۇنداق خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، شۇنچىكى قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا، بوشاڭلىق، بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، قىلچە بىيۇروكراتلىق، شەكلىۋازلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش، ئۇرۇشتىن قورقۇش، ئۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پىسخىكىسىدا بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيەت، ئىش ئورنى جەڭ مەيدانى. يۇقۇم ئالدىدا پارتىيەلىك كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچىنى زىممىگە ئالغاندىلا خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماي، مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن زىممىسىگە ئالالايدۇ.

رەقىبلەر تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا قورقمىغىنى يېڭىدۇ. ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش، ۋىرۇس بىلەن كۈچ سىنىشىشتا، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. پارتىيەلىك كادىرلار جەزمەن گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلماسلىق، ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىش روھى بىلەن، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، ئاخىرغىچە تۇتىدىغان جان تىكىپ ئىشلەش غەيرىتى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كۈتىسىز ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامىرىشىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەي تاش، شۇنداقلا سىناش بولۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي پەزىلىتى ۋە ئىقتىدارى، ئىستىلىنى سىنايدۇ. ئاچقۇچلۇق پەيتتە، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىستىلى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا بولغاچقا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەندى.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2006 ـ يىلى، قابىك دېھقانلار ئارامگاھى ئاچقاندا، يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، يىلدا يۈز نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىش ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئەينى يىلى، كوپېراتىپتىكى يەتتە ئۆلۈش ئەزا نامرات ئائىلە ئىدى، ھازىر ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولدى.

«مەنزىرە رايونى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە مۇھىم يۈك كۆتۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماي، يەنە ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم تىرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى. يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇنى ساقلاپ قېلىش مەنزىرە رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بايلىقنى ساقلاپ قالغانلىق؛ ئەتراپتىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارغا «ئالتۇن تاۋاق» تېپىپ بەرگەنلىك.

پوسكام ئالتۇن توغراق مەنزىرە رايونىدا، كۆپلىگەن نامرات ئائىلە ساياھەتچىلىكتىن مەنپەئەتلىنىپ، مەنزىرە رايونىدا ساياھەت تاۋارلىرىنى پىششىقلاش، سېتىش، دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھايىتى تېزلا نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى.

بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ چوڭقۇر بازىرى قىزىلقايىڭ كەنتى قاناس مەنزىرە رايونىغا بېرىشتا جەزمەن ئۆتىدىغان يولغا جايلاشقان، پۈتۈن كەنتتىكى 133 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆزگىچە يۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، ساياھەتچىلىككە تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىدى.

يېزا ـ كەنت ساياھىتى قىزىپ كەتتى، تۇرمۇش ئۈمىدكە تولدى

قاغىلىق ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ، شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيەسىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ماڭسا، 105 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تۈنجى داۋان ئۇچرايدۇ. كۆكيار يېزىسىنىڭ نۇرئابات كەنتى مۇشۇ داۋان باغرىغا جايلاشقان، شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيەسى «مەنپەئەت» ئۆتەڭمۇ مۇشۇ جايدا. «ئۆتەڭ شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيەسىدىكى ساياھەتچىلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، لىنىيە ئەتراپىدا مۇلازىمەت كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى» دېدى قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ جۇڭخې.

شىنجاڭ ـ شىزاڭ لىنىيەسى «مەنپەئەت» ئۆتەڭنىڭ مەسئۇلى شيا خېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «مەنپەئەت» ئۆتەڭنىڭ تەسىس قىلىنىشى نۇرئابات كەنتىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. كەنتتە يەنە يۇقراۋى قونالغۇ، باقمىچىلىق، پارنىك كۆكتاتچىلىقى قاتارلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى، كەنت ئاھالىلىرى ساياھەتچىلىككە تايىنىپ ساياھەتتىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، يېزا ـ كەنت ساياھىتى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى. دېھقانلار ئارامگاھى، يۇقراۋى قونالغۇ، ئىستىراھەت مېۋە ئۈزۈش بېغى، ساياھەت يېزا ئىگىلىكى، ھەتتا يېزا ـ كەنت ئىستىراھەت باش تېمىسىدىكى شادلىق باغچىسى، يېزا ـ كەنت ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كەسىپ ھالىتى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى؛ كۈتۈۋېلىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، يەرنى ئوبوروت قىلىپ ئىجارە ھەققى پايدىسى ئېلىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋارىسلىرى ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ كۆلىمى، سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سالدى.

ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، «ئالتۇن تاۋاق» چىڭ تۇتقۇزۇلدى

66 ياشلىق جۇمان قايسىن ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شۈيشىگۇ بازىرى مىيارگۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئۇ ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ساياھەت ئەھۋالىنى ئېنىق ئەسلەيەلەيتتى. «ئۈرۈمچى نەنسەندە ساياھەت قىلىش يېڭى باشلانغاندا، خېرىدار تالىشىش، خېرىدارنى مەجبۇرىي تارتىش ئەھۋالى بار ئىدى. ھازىر، ساياھەت تىجارىتى قېلىپلاشتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پۇل تاپتى، كىرىمىمۇ قاتلاندى».

2017 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى ناھىيەسى ساياھەتنى قېلىپلاشتۇرۇشنى باشلىدى، ئۈرۈمچى نەنشەننەن مەدەنىيەت ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مىيارگۇ مەنزىرە رايونىنى ئومۇميۈزلۈك بىرىكتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، بىرتۇتاش لايىھەلەيدىغان، بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان، بىرتۇتاش تىجارەت قىلىدىغان مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىپ، ئىلگىرىكى قالايمىقان قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئەھۋالنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

مىيارگۇ كەنتىدىكى ئۆزگىرىش شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازىرىنى زور كۈچ بىلەن قېلىپلاشتۇرۇش، ساياھەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى داۋاملىق سىجىل قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى 13 تارماق «يېزا ـ كەنت ساياھىتى تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش يولغا قويۇش لايىھەسى (2019 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نى تۈزۈپ ھەم بېسىپ تارقىتىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زورايتقاندىن باشقا، يۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى قاتارلىقلارنىڭ تېخنىكا قېلىپ ـ ئۆلچىمىنى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يېزا ـ كەنت ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇلازىمەت ياندىش ئۆلچىمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنت ساياھەت كەسپىنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)